# 22833 ـ رامىزاندا ئۇنتۇغان هالدا بىر نەرسە يەپ سالسا روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

**سۇئال**

سوئال: رامىزاندا ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاب**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر

كىمىكى روزىدا ئۇنۇتقان هالدا يەپ ـئىچىپ سالسا روزىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىردا مۇنداق دىگەن: پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق( يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سەهىه هەدىسلىرىدە، بۇ ئايەت ئوقۇلغاندا ئاللاھ تائالا مەن شۇنداق قىلىمەن دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلغان هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، هەقىقەتەن بۇ ئاللاهنىڭ ئۇنىڭغا يىمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر.بىرلىككە كەلگەن هەدىس.

شۇنىڭدەك ئۇنتۇپ قىلىپ رامىزاندا كۈندۈزدە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قالسىمۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ ۋە هەدىسنىڭ هۆكمى بويىۇنچە ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: كىمكى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇ كۈننىڭ روزىسىنى قايتا تۇتۇش ۋە كاپارەت بېرىش يوق دىگەن، بۇ هەدىسنى هاكىم سەهىه دىگەن. هەدىستىكى" ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا" دىگەن سۆز روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۇنتۇپ قىلغان هەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ ئاللاهنىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەهمەت، پەزلى ۋە ئىهسانىدىن ئىبارەت، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاهقا كۆپ هەمدۇـ سەنا ۋە تەشەككۇرلەر ئېيتىمىز

شەيخ بىن بازنىڭ پەتىۋا تويلاملىرى4-توم 193-بەت

( ئەمما رامىزاندا ئىنسان روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان هالدا ئايالى بىرگە بولۇش كۆرەلمەيدىغان ياكى كۆرەلىسىمۇ نىسبەتنى ئىگەللىمەيدىغان ئەهۋالدۇر،چۈنكى ئەر ئۇنتۇسا ئايالى ئىسىگە سىلىشى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىشى ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ـ مۇهەررىرـ)